## قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ كەلگۈسىگە يۈزلىنىش

—— سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدىن خاتىرە

□ **گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى مېھرىگۈل غوپۇر، لى ياڭ**

ئۈمىد ئىزدىگەن قەدەملەر، قىش پەسلىدە ئىللىقلىقا تولدى. 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئەتىگەندە، شىنجاڭ خەلق سارىيىدا تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىن كەلگەن ھەر مىللەت، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان، كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىغان تەكلىپلىرىنى ئېلىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تاپشۇرۇقى ۋە ئارزۇسىنى ئېلىپ بىر يەرگە جەم بولدى.

بۇ يىل ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ۋە «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىدىغان يىل، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل. بۇ ئابىدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە يېڭى يىلنىڭ باشلىنىشى بىلەن سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنى ئېچىلدى.

سائەت 9 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، يىغىننىڭ باشلىنىشىغا يەنە بىر سائەت بار بولسىمۇ، نۇرغۇن سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى يىغىن مەيدانىغا كېلىپ بولدى، كۆپچىلىك ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا پاراڭلاشتى، تەسىراتىنى سۆزلەشتى، تەرەققىيات توغرىسىدا پىكىرلەشتى.

«ئۆتكەن بىر يىلدا كۈنلىرىمنى ناھايىتى مەنىلىك ئۆتكۈزدۈم، كۆپ قېتىم ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تەكلىپ ئۈچۈن تەييارلىق قىلدىم.» «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قار - مۇز ساياھەت بايلىقىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە چوڭقۇر مەدەنىيەت ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى قېزىپ چىقىش ئۈچۈن، مەن قار - مۇز ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى تەكلىپنى ئېلىپ كەلدىم.» «يېزا ئاياللىرىنىڭ پىسخىكا ساغلاملىقى بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا مېنىڭ بىرقانچە تەكلىپىم بار، تېخىمۇ كۆپ ئېتىبارغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن»... گەپ - سۆزلەردىن بىر يىلدىن بۇيانقى ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشتىكى مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسى چىقىپ تۇراتتى؛ پىكىرلىشىش جەريانى يېڭى بىر يىللىق خىزمەتلەرگە بولغان ئۈمىدنى ئېلىپ كەلدى.

سائەت 10دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، يىغىن ھەيۋەتلىك دۆلەت شېئىرى ساداسى ئىچىدە باشلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن يىغىنغا خىزمەت دوكلاتى بەردى. قىزغىن ئالقىش ساداسى كۆپ قېتىم ياڭرىدى، ئالقىش ساداسىغا بارلىق كىشىلەرنىڭ ئورتاق تونۇشى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، تېخىمۇ مۇھىمى ئەزالارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشتەك يۈكسەك مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندى.

ئۆتكەن بىر يىلنى ئەسلىسەك، نەتىجىلەر كىشىنى سۆيۈندۈرىدۇ. ئەزا سۈي چۇنيۇ بىر تەرەپتىن ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن خاتىرە قالدۇردى، ناھايىتى ھاياجانلاندى. ئۇ ئۆتكەن بىر يىلدا پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ مەركەزنى چۆرىدەپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىپ، ئاكتىپلىق بىلەن شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ھەققىي تەكلىپ بېرىپ، ياخشى تەدبىر، ئەسقاتىدىغان چارە كۆرسەتكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئىشقا ئورۇنلىشىش، مائارىپ، داۋالىنىش قاتارلىق ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ تەخىرسىز ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر چىڭ تۇتۇلۇپ، جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلق رايى ھەققىي ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، ئاممىنىڭ ساداسى يەتكۈزۈلۈپ، ئورتاق تونۇش كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەندى. خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتى بولۇشتەك ماركىسى بارغانسېرى نۇرلاندى.

«ھازىر شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد تەرەققىي قىلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاق، دىنلار ئىناق بولدى، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلاندى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كەيپىياتى بارغانسېرى قويۇقلاشتى، ھەر مىللەت ئامما ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بارغانسېرى كۈچەيدى. سىياسىي كېڭەش ئەزاسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز باشتىن - ئاخىر باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ‹دۆلەت ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش، خەلق ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش› دېگەن تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ‹تۆت ئاڭ›نى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ‹تۆت ئىشەنچ›نى چىڭىتىپ، ‹ئىككىنى قوغداش›نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي، ياشلىق باھارىمىزغا يۈز كېلىپ، باش نىشاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈش يولىدا كۈچەپ ئىلگىرىلەيمىز» دېدى ئەزا مېھرىگۈل ياسىن.

بىر يىلدىن بۇيان، كەڭ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى، سىياسىي كېڭەشكە قاتناشقان ھەرقايسى ئورۇنلار ۋە ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلار سۇنغان تەكلىپ 758 پارچە بولۇپ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 540 پارچە تەكلىپ تۇرغۇزۇلدى، بېجىرىشكە تاپشۇرۇلغان بارلىق تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسى بېجىرىلىپ بولدى، بېجىرىلىش - جاۋاب قايتۇرۇلۇش نىسبىتى 100%كە يەتتى. مۇتەللىپ ئوبۇلنىڭ سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن يىغىنغا بەرگەن تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەزالار زور ئىلھام ئالدى.

«زىممىمىزگە شەرەپلىك بۇرچنى ئالدۇق، بۇرغا چېلىندى. بىز يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەممە بىر نىيەتتە غەيرەت قىلىپ ئىشلەپ، يېڭى مۇساپىدە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشنى نامايان قىلىمىز» دېدى ئەزا جاۋ جىگاڭ.

يىغىن مەيداندىن چىققاندا قەدەم پۇختا بولدى. ئەزالارنىڭ قىزغىنلىقى تولۇپ تېشىپ، كۆرەش ئىرادىسى كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، داۋاملىق قان - تەرى بىلەن سۇغىرىپ ھوسۇل ئېلىپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، پۇختا ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئىتتىپاق - ئىناق، ئاۋات - باي، مەدەنىي بولغان، ئالغا باسقان، خاتىرجەم ياشايدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇشقا ئىرادە باغلىدى!

## سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنىنىڭ تەكلىپ خىزمىتى لايىھەسى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنىنىڭ تەكلىپ تەكشۈرۈش كومىتېتى 1 - قېتىم يىغىن ئۆتكۈزۈپ، «سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنىنىڭ تەكلىپ خىزمىتى لايىھەسى»گە قاراپ چىقتى ھەم بۇنى پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللىدى. يىغىندا، بۇ قېتىمقى يىغىنغا سۇنۇلغان تەكلىپلەرنى ئىستاتىستىكا قىلىشنى 2020 - يىلى 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سائەت 16دە ئاخىرلاشتۇرۇش قارار قىلىندى.

«لايىھە»دە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: تەكلىپلەردە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 -، 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىش چۆرىدىلىشى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى زىچ چۆرىدىلىشى، دىققەت ئامما ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان، جەمئىيەت ئومۇميۈزلۈك دىققەت قىلىدىغان مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈلۈشى، تېمىلار كۆڭۈل قويۇپ تاللىنىشى، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنغان بولۇشى، تەكلىپ بېرىلىشى كېرەك. تەكلىپلەر كەسكىنلىككە، ئىلمىيلىككە، مۇمكىنچىلىككە ئىگە بولۇشى، بىر ئىشقا بىر تەكلىپ بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئىخچام، مېغىزلىق بولۇشتا چىڭ تۇرۇلۇشى كېرەك؛ سۈپەت ئېڭى ۋە سەرخىل بولۇش ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلمىغۇچە تەكلىپ بەرمەسلىك»تىن ئىبارەت ئەمەلىيەتچىل بولۇش روھىغا ئەمەل قىلىش، تەكلىپ، تەۋسىيەلەردە كىرىش ئېغىزى كىچىك بولۇش، داۋلى چىڭ بولۇش، نىشان توغرا بولۇش، ئېنىق، كونكرېت بولۇش تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى كېرەك.

«لايىھە»دە تەكلىپلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇش ئۇسۇلى، ئاساسىي تەلەپلەر، سۇنۇش ئۇسۇلى، تەكشۈرۈش ۋە بېجىرىش ھەم تەكلىپ تۇرغۇزۇش شەرتلىرى ئېنىق بېكىتىلدى. تەكلىپ خىزمىتى سىياسىي كېڭەشنىڭ بىر تۈرلۈك دائىملىق خىزمىتى، بۇ قېتىمقى يىغىندا تەكلىپلەرنى يىغىش، ئىستاتىستىكا قىلىش ۋاقتى توشقاندىن كېيىن ۋە يىغىن يېپىلغاندىن كېيىن، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى، ھەرقايسى پارتىيە - گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلىرى داۋاملىق تەكلىپ سۇنسا بولىدۇ، تەكلىپ كومىتېتى بۇ تەكلىپلەرنى تەكشۈرۈپ تەكلىپ قىلىپ تۇرغۇزۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ئىشخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ئىشخانىسى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئالاقىدار بېجىرگۈچى ئورۇنلارنىڭ بېجىرىشىگە سۇنىدۇ.

سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتى
ۋە تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى مۇزاكىرە قىلدى

## مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشتا يارقىن نۇقتىلار كۆپ نىشان كىشىنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ

**گېزىتىمىزنىڭ ئۇنۋېرسال خەۋىرى** 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ھەر مىللەت، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى مۇزاكىرە قىلدى ھەم ساھە تەكلىپلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى، پىكىر ئالماشتۇردى. مۇزاكىرە جەريانىدا، ئەزالار قىزغىن سۆز قىلىپ، مۇنداق قارىدى: دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتىدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ بۆلتۈر بىر يىلدىكى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئەھۋالى ئوبيېكتىپ، ئومۇميۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، نەتىجە - ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك بولغان، يارقىن نۇقتىلار ئارقا - ئارقىدىن گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ. بۇ يىللىق خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىغا قارىتا، نىشان ئېنىق، مۇھىم نۇقتا گەۋدىلىك بولۇپ، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ، مۇقەررەركى كەڭ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچىنى يەنىمۇ ئۇرغۇتۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدۇ.

«دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتى ھەم ئوبيېكتىپ، ئادىل بولغان، ھەقىقەت ئەمەلىيەتتىن ئىزدەلگەن، ھەم كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ.» ئەزا مۇزىللا نۇيتان مۇنداق دېدى: كىشىنى ئەڭ ھاياجانلاندۇرىدىغىنى شۇكى، بەزى تەدبىر - تەكلىپلەر تەدرىجىي ھالدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى ياكى سىياسەت - تەدبىرگە ئايلاندى، بۇ دەل سىياسىي كېڭەشنىڭ مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، چارە - تەدبىر كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش جەھەتتە قوش يۆنىلىشكە كۈچەشتە قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور نەتىجە - ئۈنۈمنى نامايان قىلدى. «بۇ قېتىمقى يىغىندا، مەن قۇتۇبى ناھىيەسىنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك پۈتۈن كەسپ زەنجىرى باغچە رايونى بەرپا قىلىشنى قوللاش توغرىسىدىكى تەكلىپنى ئېلىپ كەلدىم، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە كۈچ قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى ئەزا مۇزىللا نۇيتان.

ئەزا يەن گوفاڭ مۇنداق قارىدى: دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتىدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئەمەلىيىتى ۋە خىزمەت تەجرىبىلىرى ئومۇميۈزلۈك خۇلاسىلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت نىشانى ۋە يۆنىلىشى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ، بۇ راستچىل، ئەمەلىيەتچىل ياخشى دوكلات بوپتۇ. «سىياسىي كېڭەش ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىمنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت، تارىخ تەتقىقاتى جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىمنى جارى قىلدۇرۇپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى سۆزلىتىپ، تارىخنى سۆزلىتىپ، مەدەنىيەتنى سۆزلىتىپ، مەدەنىيەتنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەيمەن» دېدى يەن گوفاڭ.

ئەزا ئايگۈل ئەخمەتنىيازنىڭ بىلدۈرۈشىچە، يېڭى بىر يىلدا، ئۇ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، خەلق تۇرمۇشىدىكى دەۋا تەلەپلەرنى چىڭ كۆزلەپ، ئاممىنىڭ قەلب ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ قىممەتى بار تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تىرىشىپ ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدىكەن.

«تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتتا يارقىن نۇقتىلار ئارقا - ئارقىدىن گەۋدىلەندۈرۈلگەن، بىر يىلدىن بۇيان سۇنۇلغان تەكلىپ 758 پارچە بولۇپ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 540 پارچە تەكلىپ تۇرغۇزۇلغان، بېجىرىشكە تاپشۇرۇلغان تەكلىپ 522 پارچە بولغان، ھەمدە بارلىق بېجىرىشكە تاپشۇرۇلغان تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسى بېجىرىلىپ بولغان، بېجىرىلىش - جاۋاب قايتۇرۇلۇش نىسبىتى 100% بولغان، بۇ بىزنى ناھايىتى ئىلھاملاندۇردى ۋە روھلاندۇردى.» ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى شۇ رىشىن بىر يىلدىن بۇيانقى تەكلىپ خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مول نەتىجىلەرنى ئالقىشلىدى.

«بىز خۇشاللىنارلىق ھالدا شۇنى بايقىدۇقكى، تەكلىپ سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپتۇ، ئەزالار ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چۆرىدەش، ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە بىر تۈركۈم قاراتمىلىقى كۈچلۈك، مەشغۇلاتچانلىقى كۈچلۈك تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ، نۇرغۇن تەكلىپ قوبۇل قىلىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە يەنىمۇ ئاكتىپ رول ئوينىدى.» شۇ رىشىن مۇنداق بىلدۈردى: بۇنىڭدىن كېيىن، تىرىشىپ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىمنى ئۆستۈرۈپ، باش نىشاننى چۆرىدەپ، كۆپلەپ ئاقىلانە چارە كۆرسىتىپ، كۆپلەپ ئەمەلىي تەدبىر كۆرسىتىپ، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەيمەن، كۈچ قوشىمەن، بىرىكمە كۈچنى ئاشۇرىمەن.

«دوكلاتتا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: يېڭى بىر يىلدا بىز يېڭى دەۋردىكى سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ قىياپىتىنى تولۇق نامايان قىلىشىمىز كېرەك. بىز سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى كۈچەيتىپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، پائال چارە - تەدبىر كۆرسىتىپ، ھەققىي تۈردە كەسىپنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىمىزگە ئېلىپ، ‹ئەزالار تاپشۇرۇقى›نى تىرىشىپ ياخشى يېزىپ، دەۋر ئىمتىھان قەغىزىگە ياخشى جاۋاب بېرىپ، ئىتتىپاق - ئىناق، ئاۋات - باي، مەدەنىي بولغان، ئالغا باسقان، خاتىرجەم ياشايدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك» دېدى ئەزا ۋۇ جياجۈن.

**(گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى لى ياڭ، چېن چياڭۋېي، خېي خۇڭۋېي، جاڭ تىڭ، مېھرىگۈل غوپۇر، ۋاڭ يۈجاۋ يازغان)**

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ياڭ لى:

### ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى ئۇنتۇماي، سادىق بولۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەيمەن

خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مېنىڭ ئەسلى مەقسىتىم ۋە بۇرچۇم پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش بولۇپ، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا ھەربىر سائەتلىك دەرسنى ياخشى ئۆتۈش، ھەربىر ئوقۇغۇچىنى ياخشى تەربىيەلەشتۇر.

بۆلتۈر، مەن بىر قارار ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئۇزىتىپ قويدۇم، يەنە بىر تۈركۈم كۈيتۈن شەھەرلىك بىرىنچى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىق يېڭى ئوقۇغۇچىلىرىنى كۈتۈۋالدىم. كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھازىرنى قەدىرلەپ، كەلگۈسىگە ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى، كۆرەشچان بۇ دەۋرگە شۇنچە ماس كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ھەمراھ بولغانلىقىمدىن، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە گۇۋاھ بولغانلىقىمدىن ناھايىتى شەرەپ ھېس قىلدىم. مەن ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىش ئىدىيەسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، كەسپىي بىلىمىم، قارىشىم، ئۇسۇلۇمنى ۋاقتىدا يېڭىلاپ، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە ھەر ۋاقىت يېقىندىن ئەگىشىپ، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى ياخشى تەربىيەلەيمەن.

بۇ بىر نەچچە يىلدا، مەن ئىنگلىز تىلى دەرسخانىسىدا، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ۋە جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇش مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتتىم، باللار ئەستايىدىل ئاڭلاپلا قالماي، يەنە جانلىق ئۆگىنىپ، جانلىق ئىشلىتەلەيدىغان بولدى.

ئوقۇتقۇچىلىق تۈمەنلىگەن كەسىپلەر ئىچىدىكى بىر خىلى بولۇپ، مۇھىم ۋەزىپە - مەسئۇلىيەت، بۇرچ يۈكلەنگەن. قانداق ئادەم تەربىيەلەش، ئادەمنى قانداق تەربىيەلەش، كىم ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەشتىن ئىبارەت بۇ مائارىپ ئىشلىرىدىكى نېگىزلىك مەسىلىگە نىسبەتەن ھەربىر مائارىپ خىزمەتچىسىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىدە كۆرسىتىشكە، كۆڭۈل قويۇپ جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. يېڭى بىر يىلدا مەن ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشتىن ئىبارەت ئەسلى مەقسەت - بۇرچنى ئۇنتۇماي، ئاددىي خىزمەت ئورنىدا تىرىشىپ قالتىس نەتىجىلەرنى يارىتىمەن.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئەخمەت ھۆسەين:

### خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىدىن لېكسىيە سۆزلەپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرىمەن

مەن يېزىدىكى بىر پۇقرا تەشۋىقاتچى، قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ غوجا ئېرىق يېزىسىدىن كەلدىم. يېرىم ئاي ئىلگىرى، مەن پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىغا بىرلەشتۈرۈپ كۆپچىلىككە بىر قېتىم لېكسىيە سۆزلىگەندىم، پۈتۈن كەنتتىن 1000دىن ئارتۇق كىشى كەلدى. بۇ مەن سۆزلىگەن لېكسىيەنى ئاڭلىغان ئادەم ئەڭ كۆپ بىر قېتىملىقى، شۇنداقلا مەن يىل ئاخىرىدا ئەڭ خۇشال بولغان ئىش.

مېنىڭ لېكسىيەم باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، ئاساسلىقى ئېچكىرى رايونلاردىكى خىزمەت، تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىمگە بىرلەشتۈرۈپ كۆپچىلىككە قاراشنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا سۆزلەيمەن. بىر يىل ئىچىدە، مەن پۈتۈن يېزىدىكى ھەربىر كەنتنى ئايلىنىپ چىقىپ، ھەم پارتىيەنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى، قانۇن - نىزاملاردىن لېكسىيە سۆزلىدىم، ھەم ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنى سۆزلىدىم. كەنت ئاھالىلىرى مېنى ياخشى كۆرىدۇ، تېلېفون نومۇرىنى قالدۇرۇپ، ئۈندىدارىغا قوشۇپ، قانداق مەسىلە بولسا ھەر ۋاقىت مەن بىلەن ئالاقىلىشىدۇ. مەنمۇ ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرىمەن ھەم يۇرتداشلارنىڭ ئىشلارنى ھەل قىلىشىغا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ياردەم قىلىپ، بىر ياخشى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇشقا تىرىشتىم.

رەئىس شى جىنپىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدە مۇنداق دېدى: ھەممە بىر نىيەتتە غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، قانچە خەتەرلىك بولغانسېرى، شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك. قاغىلىق ناھىيەسى بۇ يىل نامراتلىق قالپىقىنى تاشلاشتا مۇشۇنداق غەيرەت بىلەن ئىشلەشكە ئەڭ ئېھتىياجلىق. مەن رەئىس شى جىنپىڭنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى، ئىلھاملاندۇرۇشىنى لېكسىيەگە سىڭدۈرۈپ، كۆپچىلىكنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، يۇرتۇمنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، ئۆزۈمنىڭ ئەمگەكچان ئىككى قولۇمغا تايىنىپ بەختلىك تۇرمۇش يارىتىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ماس قەدەمدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويىمەن.